# بىلال كېچىدە ئەزان ئېيتىدۇ، سىلەر ئىبنى ئۇممى مەكتۇم ئەزان ئېيتقۇچە يەپ-ئىچىڭلار

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھدىن: «بىلال كېچىدە ئەزان ئېيتىدۇ، سىلەر ئىبنى ئۇممى مەكتۇم ئەزان ئېيتقۇچە يەپ-ئىچىڭلار» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىككى مۇئەززىنى بار بولۇپ، ئۇلار بىلال ئىبنى رەباھ، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم ئىدى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم ئەما كىشى ئىدى. بىلال بامدات نامىزىغا تاڭ ئېتىشتىن ئىلگىرى ئەزان ئېيتاتتى، چۈنكى بامدات نامىزى كىشىلەر ئۇيقىدىكى ۋاقىتتا ئادا قىلىنىدىغان بولغاچقا، كىشىلەر ۋاقتى كىرىشتىن ئىلگىرى تەييارلىق قىلىۋېلىشقا ئېھتىياجلىق ئىدى. رەسۇلۇللاھ ساھابىلەرنى بىلالنىڭ كېچىدە ئەزان ئېيتىدىغانلىقىغا ئەسكەرتىپ، ئۇلارنى تاڭ يورۇپ، ئىككىنچى مۇئەززىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم ئەزان ئېيتقۇچە يەپ-ئىچىشكە بۇيرىدى. چۈنكى ئۇ ئىككىنچى تاڭ يورۇغاندا ئەزان ئېيتاتتى. بۇ روزا تۇتۇشنى نىيەت قىلغۇچىلار ئۈچۈن بولۇپ، شۇ ۋاقىتتا يېمەك-ئىچمەكتىن توختايدۇ ۋە ناماز ۋاقتى كىرىدۇ، بۇ ئەزان نامازغا خاس. ئەمما باشقا ۋاقىتلاردا نامازنىڭ ۋاقتى كىرىشتىن ئىلگىرى ئەزان ئېيتىش توغرا ئەمەس. بىرىنچى ئەزان بامدات نامىزى ئۈچۈن كۇپايىمۇ ياكى ناماز ۋاقتى كىرگەندە ئىككىنچى ئەزاننى ئېيتىش كېرەكمۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ئىختىلاپ قىلىندى، كۆپچىلىك ئالىملار بىرىنچى ئەزان يولluq، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن بولدى قىلىنمايدۇ، - دېگەن قاراشتا

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3015

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee